## 41833 ـ ھەججىڭىز قانداق بولغاندا ئۆلچەملىك ھەج بولىدۇ؟

### سۇئال

مۇسۇلمان ھەججىنىڭ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا قوبۇل بولىشى ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ھەج ئىبادىتىنىڭ ئۆلچەملىك بولىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىش تەقەززا قىلىنىدۇ: ھەج ئىبادىتىنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلىپ ئادا قىلىش كېرەك . مانا بۇ ئىخلاسدۇر. ھەج پائالىيەتلىرىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئادا قىلىش كېرەك. مانا بۇ سۈننەتكە ئەگىشىش دېيىلىدۇ.

بارلىق ياخشى ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولىشى ئۈچۈن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇ ئىككى شەرتنىڭ بولىشى تەلەپ قىلىنىدۇ . يەنى ئىخلاس ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن بولىشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّـهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ ۚ وَذَٰلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ تەرجىمىسى : ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر. [سۈرە بەييىنە 5-ئايەت].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق، ھەر بىر كىشى ئۈچۈن مەقسەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ . [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دىگەن: ئەمەل-ئىبادەتتە بىز بۇيرۇمىغان ئىشلارنى قىلغان كىشىنىڭ ئەملى قوبۇل قىلىنمايدۇ . [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

ھەج قىلغۇچىلار ھەج قىلىش جەريانىدا ھەجنى خالىس ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇۋاپىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاساسنى تۇتقا قىلىشى لازىم.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەج پائالىيىتى جەريانىدا ساھابىلارغا: ھەج ئىبادىتىنى مەندىن ئۆگىنىڭلار دىگەن. [نەسائىي رىۋايىتى].

ھەجنى ھالال مال بىلەن ئادا قىلىش كېرەك . ھارام مال بىلەن ھەج قىلىش دۇرۇس ئەمەس . بەلكى بەزى ئالىملار ھارام مال بىلەن قىلىنغان ھەجنى توغرا بولمايدۇ دەيدۇ.

يەنە بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ئەسلى ھارام بولغان مال بىلەن ھەج قىلغان كىشىنىڭ ھەججى ھەج بولمايدۇ ئەمما مىنگەن ئۇلىغى ھەج قىلغان بولىدۇ.

ھەج قىلغۇچى ھەج پائالىيتى جەريانىدا ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش لازىم. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: الْحَجُّ أَشْهُرٌ مَّعْلُومَاتٌ ۚ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِي الْحَجِّ تەرجىمىسى: ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئىھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. [سۈرە بەقەرە 197-ئايەت ].

ھەج پائالىيتى جەريانىدا ئاللاھ تائالا چەكلىگەن پىسقى-پۇجۇر، ئاسىيلىق، يالغان سۆز، غەيۋەت-شىكايەت، تۆھمەت ۋە ناخشا-مۇزىكا تىڭشاش قاتارلىق ئىشلاردىن ساقلىنىش كېرەك.

ھاجىلار ئۈچۈن پائالىيەت جەريانىدا ئالاھىدە چەكلەنگەن، ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىش، چېچىنى ئالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردىن ساقلىنىش شۇنىڭدەك پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام چەكلىگەن ئىھرامدىكى ھالەتتە ھەزەر قىلىشقا ئالاقىدار بولغان بارلىق ئىشلارغا دىققەت قىلىش لازىم.

ھەج قىلغۇچى ئىقتىساد جەھەتتىن ۋە باشقا ئىش-ھەرىكەتلەردە بولسۇن سىلىق-سىپايە، مۇلايىم، چوڭ سۆيەت بولۇشى لازىم. كۆچىنىڭ يېتىشچە باشقا ھەج قىلغۇچى قېرىنداشلىرىغا ياردەم بېرىشكە تىرىشىشى كېرەك. مۇقەددەس ئورۇنلاردا بولسۇن ياكى بازار قاتارلىق جايلاردا بولسۇن مۇسۇلمانلارغا ئازار يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىشى لازىم. كەبىنى تاۋاپ قىلىش، ساپا-مەرۋە قىلىش ۋە شەيتانلارغا تاش ئېتىش قاتارلىق پائالىيەت جەريانىدا قىستاڭچىلىق قىلىش ۋە باشقىلارغا ئازار يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش كېرەك.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى ھاجىلارنىڭ دىققەت قىلىشى زۆرۈر بولغان ئىشلاردىندۇر. كۆڭۈلدىكىدەك ھەج قىلىش ئۈچۈن دىنى ئەھكاملارنى بولۇپمۇ ھەججگە دائىر ھۆكۈملەرنى ياخشى بىلىدىغان، بىلەلمىگەن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان كىشىلەر بىلەن بىرگە ھەج قىلىش كېرەك . ئەگەر بۇنداق قىلالمىغاندا، مەزكۇر ئىبادەتنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇشى ئۈچۈن، ھەججگە بېرىشتىن ئىلگىرى ئىشەنچلىك ئالىملار تەرىپىدىن تەييارلانغان ھەج ئەھكاملىرى بايان قىلىنغان كىتابلارنى ئوقۇشى لازىم.